# شىنجاڭ گېزىتى

新 疆 日 报

(维文)

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 0002/Z

(ۋەكالەت نومۇرى 1 57)

شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسى نەشر قىلدى (بۇ سان 6 بەت)

1990 - يىل

ئۆكتەبر

21

يەكشەنبە


## مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، دىنىڭ مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرۇپ،

# قەشقەر ۋىلايىتى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىستىل تۈزىتىش ئۆگىنىشىنى ئېلىپ بېرىپ، قىياپىتىنى يېڭىلىدى

ئۆز مۇخبىرىمىز شى جيەن، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز جا چىڭشۇەن خەۋەر قىلىدۇ: بۇ يىل يازلىق تەتىلدە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 12 ناھىيە، شەھەر ئوقۇتقۇچىلارنى ئىستىل تۈزىتىش ئۆگىنىشىگە ئومۇميۈزلۈك تەشكىللەپ، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە دىنىي كۈچلەرنىڭ مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىشىگە كۈچلۈك تاقابىل تۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تەرتىپكە سېلىپ، مەكتەپ ھاۋاسىنى ساپلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مائارىپ بازىسىنى مۇستەھكەملىدى.

بىر مەزگىلدىن بۇيان، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي كۈچلەر ھەدەپ مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىشكە باشلىغانىدى. بەزى مەكتەپلەر ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتكە سەل قارىغانلىقى ۋە ئۇنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، تەربىيىلەشكە سەل قاراپ، دۈشمەنلەرگە پايدىلىنىدىغان پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنىدى.

بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە تەكشۈرۈش ئەترىتى ئەۋەتىپ، قاغىلىق ناھىيىسىدە مائارىپ بازىسىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، قۇچقاچ ئوپېراتسىيىسى قىلىپ، ئومۇمىي ئەھۋالنى ئىگىلىدى. قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ساھەسىدە ساقلانغان ئېغىر مەسىلىلەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى قوزغىدى. شۇڭا يازلىق تەتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ۋىلايەت بويىچە ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئىستىل تۈزىتىش ئۆگىنىشى ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى.

ھەر قايسى ناھىيە، يېزىلار ئومۇميۈزلۈك ئىستىل تۈزىتىش ئۆگىنىشىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇردى، ئۇنىڭغا مەدەنىيەت - مائارىپ خىزمىتىگە مەسئۇل ناھىيە رەھبىرى قوماندانلىق قىلدى. ئوقۇتقۇچىلار كۆپ، تارقاق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، ھەر قايسى ناھىيىلەر ئۇچاستكىلار بويىچە ئۆگىتىشنى تەسىس قىلدى، رايون، يېزىنى ئۇچاستكا قىلىپ، ناھىيىدىن بىر قانچە ئون كادىر ئاجرىتىپ، ئۇلارنى ھەر قايسى ئۇچاستكىلاردا يېتەكچىلىك قىلىشقا، تەكشۈرۈشكە

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## لى گۇاڭياۋ زۇڭلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى زىيارىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، تۈنۈگۈن ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقتى

ئۆز خەۋىرىمىز. سىنگاپور زۇڭلىسى لى گۇاڭياۋ، ئۇنىڭ رەپىقىسى ۋە ھەمراھلىرى ھەمراھلىقىدا ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، تاشقى سودا گىلەم زاۋۇتى، شىنجاڭ «تيانشان» ئۈرۈمچى رايونىدىكى دوستانە زىيارىتىنى يۈك توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى

# قىزىلسۇ ئوبلاستىدا توپىلاڭنى تىنچىتىشتىكى ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

## توققۇز ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 65 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى

## يىغىنغا جاڭ سىشۇ قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى

ئۆز مۇخبىرلىرىمىز رىن دىڭ، جانتۆرە بوپۇن، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ۋاڭ چىڭۋېن 19 - ئۆكتەبر ئاتۇشتىن خەۋەر قىلىدۇ: بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىشتا خىزمەت كۆرسەتكەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ سىشۇ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شارشىبېك سىدىق، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تاھىر مەمتىلى قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا قاتناشتى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت يەتتىدىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ئىلغار كوللېكتىپلارنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئىلغار شەخسلەر ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئالقىش ساداسى ئىچىدە ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ ئالدىغا تىزىلدى، مىللىيچە كىيىنگەن پىئونېرلار ئۇلارغا قىزىل گۈل تاقىدى. ئۇلار ئامما ۋە پىئونېرلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ يىغىن زالىغا كىردى.

يىغىنغا ئوبلاست باشلىقى سۇلايمان رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى سەلەي بەختى ئوبلاستلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئوبلاستىن بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىشقا قاتناشقان ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارارىنى ئوقۇپ ئۆتتى، بارىن يېزىسىنىڭ خانتېرەك كەنتى، ئويتاغ بازىرىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى لەنلىرى قاتارلىق توققۇز ئىلغار كوللېكتىپ ۋە تۇرسۇن ئابدۇرېھىم، شى خۇاڭما، ماناس دۆلەت قاتارلىق 65 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

يىغىندا جاڭ سىشۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن، تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەردىن سەمىمىي ھال سورىدى ۋە ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى.

ئۇ بارىن يېزىسىدا توپىلاڭ يۈز بېرىش ئامىللىرىنى تەھلىل قىلغان ۋە ھەر قايسى سەپلەرنىڭ توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىنكى ئەھمىيىتى ۋە تونۇشىنى يەكۈنلىگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلدىكى مەركىزىي ۋەزىپە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزلىرىنى ئەستايىدىل يەتكۈزۈپ، ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، «سۆز»نىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشتىن ئىبارەت.

جاڭ سىشۇ مۇقىملىق خىزمىتىنى تۇتۇش توغرىسىدا توختالغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ھەر دەرىجىلىك

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# خوتەن ۋىلايىتىدە بۇ يىللىق پاختا سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسى مۇددەتتىن بۇرۇن ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى

ئۆز مۇخبىرىمىز ئوبۇلقاسىم تۇرسۇن خەۋەر قىلىدۇ: خوتەن ۋىلايىتىدە 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە 21 مىڭ 374 توننا يېڭى پاختا سېتىۋېلىنىپ، بۇ يىللىق پاختا سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى مۇددەتتىن ئىلگىرى ۋە 14.13% ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى، بۇ ئۆتكەن يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 14 مىڭ توننا كۆپ، سېتىۋېلىنغان پاختىنىڭ 95% تىن كۆپرەكى 1 - دەرىجىگە ئۆتتى.

بۇ يىل خوتەن ۋىلايىتىدە 400 مىڭ مودىن كۆپرەك يەرگە كېۋەز تېرىلغانىدى، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقى يۇقىرى بولغاچقا، پىلاندىكىدىن 16 مىڭ مودىن كۆپرەك ئاشۇرۇپ تېرىلغانىدى. بۇنىڭدىن سىرت، يۇقىرىقى يېپىپ تېرىلغان كېۋەز كۆلىمى 95% تىن كۆپرەكىنى، ئەلا سورتلۇق ئۇرۇقلۇق بەردى. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرى كادىرلار ئۇسۇلدا باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. تەمىنات - سودا تارماقلىرى دېھقانلارنى مىڭ توننىدىن كۆپرەك خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە يېتەرلىك دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن تەمىنلىدى. مەمۇرىي مەھكىمە پاختا ئىشلەپچىقىرىش بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، ئىلغار تەجرىبىلەرنى كېڭەيتتى. پاختىكارلار يىغىۋالغان پاختىلىرىنى ئۇدۇللۇق دۆلەتكە سېتىپ



